# يېڭى دەۋردىكى ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىنى ئۇرغۇتايلى

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى ئوبزورچىسى

ۋەتەنپەرۋەرلىك جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مىللىي قەلبى، مىللىي روھى، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم مەنىۋى بايلىقى، جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق ۋە مىللىي ئىززەت - ھۆرمەتنى قوغداشتىكى قۇدرەتلىك مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ. يېقىندا بېسىپ تارقىتىلغان «يېڭى دەۋردىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسىنى يولغا قويۇش پروگراممىسى»دا، جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ كۆرەش نىشانى چۆرىدىلىپ، يېڭى دەۋردىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسىنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسى، ئومۇمىي تەلىپى، ئاساسىي مەزمۇنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى ھەم يېڭى دەۋردىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشقا قارىتا مۇھىم ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى. بۇ، مىللىي روھنى جانلاندۇرۇپ، مىللەتنىڭ كۈچىنى مۇجەسسەملەپ، يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا مۇھىم، زور شۇنداقلا چوڭقۇر، ئۇزاق ئەھمىيەتكە ئىگە.

جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تارىخىي ئۇزاق مۇساپىسىدە، ۋەتەنپەرۋەرلىك باشتىن - ئاخىر ھەر مىللەت خەلقىنىڭ توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەشتىكى قۇدرەتلىك كۈچىنى ئۇرغۇتتى. پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ئاساسنى پۇختىلاپ روھ يېتىلدۈرۈپ، قەلبلەرنى مۇجەسسەملەپ روھنى تاۋلاپ، بىر قاتار مۇھىم، زور ئورۇنلاشتۇرمىلارنى قىلىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجە - ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولدى. ئۇلۇغ ئىشلار ئۇلۇغ روھقا موھتاج، ئۇلۇغ روھ ئۇلۇغ ئارزۇنى تاۋلايدۇ. ۋەتەنپەرۋەرلىك بايرىقىنى ئېگىز جەۋلان قىلدۇرۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسىنى خەلق مائارىپى ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سىڭدۈرگەندە، ئاندىن پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۆرەش قىلىشتىكى مەنىۋى كۈچىنى مۇجەسسەملەپ، جۇڭگو ئارزۇسىنى بىر نىيەتتە ئورتاق ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئۇلۇغ كۈچىنى تېخىمۇ قۇدرەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

ئېتىقاد، ئەقىدە، ئىشەنچ ھەرقانداق ۋاقىتتا ھەممىدىن مۇھىم. يېڭى دەۋردىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسىنى كۈچەيتىشتە، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىكنى بارلىق جۇڭگو خەلقىنىڭ قەتئىي ئەقىدىسى، مەنىۋى كۈچى ۋە ئاڭلىق ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇش كېرەك. ئورنىدىن دەس تۇرۇش، بېيىشتىن قۇدرەت تېپىشقىچە، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيانقى شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەر كىشىنى قايىل قىلارلىق ھالدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ نېمە ئۈچۈن «قابىل» ئىكەنلىكى، ماركسىزمنىڭ نېمە ئۈچۈن «كارغا كېلىدىغانلىقى»، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ نېمە ئۈچۈن «ياخشى» ئىكەنلىكىگە جاۋاب بەردى. يېڭى دەۋردىكى يېڭى سەپەردە، بىز شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، ۋەتەننى سۆيۈش ھېسسىياتى، جاسارەت بىلەن دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىرادىسى، ئەمەلىيەتتە ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرۇش ھەرىكىتىنى كۈچەپ يېتىلدۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ساداسىنى ياڭرىتىشىمىز كېرەك.

جۇڭگو ئارزۇسى دۆلەتنىڭ ئارزۇسى، مىللەتنىڭ ئارزۇسى، شۇنداقلا ھەربىر كىشىنىڭ ئارزۇسى. يېڭى دەۋردىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسىنى كۈچەيتىشتە، دەۋر باش تېمىسىنى ئىگىلەپ، كىشىلەرنى جۇڭگو ئارزۇسى ماھىيىتىنىڭ دۆلەتنىڭ بېيىپ قۇدرەت تېپىشى، مىللەتنىڭ گۈللىنىشى، خەلقنىڭ بەختلىك بولۇشى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇشقا يېتەكلەپ، بارلىق خەلقنىڭ پارتىيەنى سۆيۈش، ۋەتەننى سۆيۈش، سوتسىيالىزمنى سۆيۈش غايەت زور قىزغىنلىقىنى ئۇرغۇتۇپ، يېڭى دەۋردە جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش، مىللەتنىڭ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى قۇدرەتلىك كۈچنى مۇجەسسەملەش كېرەك. «ھەربىر جۇڭگولۇق ئۈچۈن ئېيتقاندا، ۋەتەننى سۆيۈش مەجبۇرىيەت، شۇنداقلا ۋەزىپە - مەسئۇلىيەت، قەلب ئىنتىلىشى، سۆيگۈ ماكانى.» ئائىلە دۆلەت مۇھەببىتىنى چوڭقۇر يىلتىز تارتقۇزۇپ، مەنىۋى ماكان يېتىشتۈرۈپ، شەخسنىڭ ئارزۇسىنى دۆلەت تەرەققىياتى، دەۋرنىڭ ئىلگىرىلىشىدىكى چوڭ ئېقىمغا سىڭدۈرگەندە، بىز ئاندىن ۋەتەن بىلەن بىرلىكتە جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، دەۋر بىلەن تەڭ تەرەققىي قىلىپ، يېڭى دەۋردىكى كۆرەش قىلغۇچىلار، ئارزۇغا ئىنتىلگۈچىلەردىن بولالايمىز.

1997 - يىلدىن ھازىرغىچە، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە جەمئىي 473 ئورۇنغا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى ئۈلگە كۆرسىتىش بازىسى دەپ نام بېرىلدى، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار 12 مىڭدىن ئارتۇق ھەر دەرىجىلىك، ھەر تۈرلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى بازىسى قۇردى، پۈتۈن جەمئىيەتتە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى قىزغىن دولقۇنى ئۈزلۈكسىز ئەۋج ئالدى. باھار شاملى ئىللىتىدۇ، كەيپىيات كىشىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. پۈتۈن خادىملار بويىچە، پۈتۈن جەريانلىق، ھەر تەرەپلىمە ئادەم تەربىيەلەشتە چىڭ تۇرۇپ، مول، كۆپ خىل ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى ئەمەلىيىتى شەكلىنى ۋاستە قىلىپ، كەڭ ياش - ئۆسمۈرلەر ئارىسىدا چوڭقۇر، ئۇزاققىچە داۋاملىشىدىغان، جانلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھنى يۈز مىليونلىغان خەلقنىڭ قەلبىدە پۇختا يىلتىز تارتقۇزۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئۈزۈلمەس مەنىۋى كۈچ بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى تېلېگراممىسى)




## ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى تېلېگراممىسى** 2004 - يىلى 9 - ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 16 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىدا دۇنيا ئەھۋالى، دۆلەت ئەھۋالى، پارتىيە ئەھۋالىنىڭ چوڭقۇر ئۆزگىرىشىگە قارىتا، پارتىيەنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە دائىر بىر قانچە مۇھىم، زور مەسىلە نۇقتىلىق مۇھاكىمە قىلىندى.

2004 - يىلى 9 - ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 16 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىدا «پارتىيەنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا قارار» ماقۇللاندى. «قارار»دا پارتىيەنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىملىقى ۋە تەخىرسىزلىكى چوڭقۇر شەرھلەندى، يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيانقى پارتىيەنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئاساسىي تەجرىبىلىرى ئومۇمىيۈزلۈك يەكۈنلەندى، پارتىيەنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسى، ئومۇمىي نىشانى ۋە ئاساسىي ۋەزىپىسى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى، ئۇ، پارتىيەنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىكى مۇھىم پروگراممىا.

«قارار»دا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش قانۇنىيىتىنى تونۇش ۋە ئىگىلەش نۇقتىسىدىن پارتىيەنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتىكى ئاساسىي تەجرىبىلىرى يەكۈنلەندى ۋە شەرھلەندى، پارتىيەنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ ئومۇمىي نىشانى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، مانا بۇ پۈتۈن پارتىيەنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى ئارقىلىق پارتىيەنى باشتىن - ئاخىر ئومۇم ئۈچۈن پارتىيە قۇرىدىغان، خەلق ئۈچۈن ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدىغان ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيەگە ئايلاندۇرۇپ، ئىلمىي ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدىغان، دېموكراتىك ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدىغان، قانۇن بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدىغان ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيەگە ئايلاندۇرۇپ، راستچىل - ئەمەلىيەتچىل، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىدىغان، تىرىشچان، يۇقىرى ئۈنۈملۈك، پاك - دۇرۇس ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيەگە ئايلاندۇرۇپ، تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، باشتىن - ئاخىر «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىلغارلىقنى مەڭگۈ ساقلاپ، تۈرلۈك بوران - چاپقۇننىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلەيدىغان ماركسىزملىق ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيەگە ئايلاندۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى يېتەكلەپ، دۆلەتنىڭ بېيىپ قۇدرەت تېپىشى، مىللەتنىڭ گۈللىنىشى، جەمئىيەتنىڭ ئىناق بولۇشى، خەلقنىڭ بەختلىك بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتۇر. بۇ ئومۇمىي نىشان پارتىيەمىزنىڭ كىم ئۈچۈن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش نۇقتىسىدىن، پارتىيەمىزنىڭ قانداق ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش، نېمىگە تايىنىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش نۇقتىسىدىن، پارتىيەمىزنىڭ باشتىن - ئاخىر ئىلغارلىقى، قەتئىيلىكى، پاكلىقىنى ساقلاش نۇقتىسىدىن چىقىرىلغان مېغىزلىق يىغىنچاقلاش بولۇپ، پارتىيەنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ كۆرەش يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ بەردى.

بۇ «قارار» جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى تارىخىدىكى پارتىيەنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى تۇنجى پروگراممىا خاراكتېرلىك ھۆججەت، يېڭى ئەسىر، يېڭى باسقۇچتىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشتىكى يېڭى ئۇلۇغ قۇرۇلۇش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى ئېچىشنىڭ ھەرىكەت كۆرسەتمىسى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ تېخىمۇ پىشىپ يېتىلگەنلىكى ۋە كۈچلۈكلۈكىنىڭ مۇھىم بەلگىسى.




## «قەھرىمان نەمۇنىچى» شياۋ لىبىن:

## قىزىل قەلبى بىلەن ئالتۇن قالقان قۇيۇپ، ئىسسىق قېنى بىلەن سادىقلىقنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ۋۇخەن، 10 - ئاينىڭ 21 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر فېڭ گودۇڭ)** جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى بۇ يىل ئۆتكۈزگەن «ۋەتەن ئۈچۈن ناخشا ئېيتىش —— 4 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسى ئەدەبىيات - سەنئەت كۆرىكى»دە، «1 - دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى» شياۋ لىبىننىڭ ھېكايىسى نۇرغۇنلىغان تاماشىبىننى تەسىرلەندۈردى. ئېغىر يارىلانغان ئەھۋالدا، شياۋ لىبىن كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان كۈچلۈك ئىرادىسى بىلەن قوراللىق قارا نىيەتلەر بىلەن تاكى شەرەپ بىلەن قۇربان بولغانغا قەدەر جان تىكىپ ئېلىشقان. قەھرىمان ئالەمدىن ئۆتتى، قەھرىماننىڭ روھى مەڭگۈ ھايات. ئۇ ھايات ۋاقتىدا خىزمەت قىلغان ۋۇخەن شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدە، خەلق ساقچىلىرى ئۇنىڭ ھېكايىسىنى ۋەقەلىك تىياتىرىغا يېزىپ كىرگۈزۈپ، قەھرىماننىڭ «ھەممىدە خەلقنى كۆزلەش» ئەسلىي مەقسىتى ئارقىلىق يېڭى دەۋردىكى خەلق ساقچىلىرىنىڭ جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىشىگە مەڭگۈ ئىلھام بەرمەكتە...

شياۋ لىبىن، ئەسلىدە ۋۇخەن شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ھەرىكەت تېخنىكا باشقارمىسى زوراۋانلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئەترىتىنىڭ خەلق ساقچىسى، مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى ئىدى. 1963 - يىلى تۇغۇلغان، خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ چاڭلى ناھىيەسىدىن، خەنزۇ، 1983 - يىلى ۋۇخەن شەھەرلىك ساقچى - ئوفىتسېرلار مەكتىپىدە ئوقۇغان، 1985 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن، 1985 - يىلى جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە قاتناشقان. ساقچىلىققا كىرگەندىن كېيىن، ھەر قېتىم ۋەزىپە ئىجرا قىلغاندا، شياۋ لىبىن ھەمىشە سەپنىڭ ئالدىدا ماڭاتتى. ساقچىلىققا كىرگەندىن بۇيانقى يەتتە يىلدا، جەمئىي 118 دېلونى بېجىرىشكە قاتناشقان، بۇنىڭ ئىچىدە 102 ئېغىر، زور دېلونى پاش قىلغان، تۈرلۈك جىنايى ئىشلار جىنايەتچىسىدىن 221نى تۇتقان.

1992 - يىلى 10 - ئايدا، ۋۇخەن شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى بىر قارا جەمئىيەت تۈسىدىكى پەۋقۇلئاددە زور قاتىللىق، بۇلاڭچىلىق، ئوغرىلىق، زەھەر ئەتكەسچىلىك جىنايەت گۇرۇھىغا قارىتا قوغلاپ تۇتۇشنى يولغا قويغان. بۇ جىنايەت گۇرۇھى لىيۇ شيۇگسەينىڭ باشچىلىقىدا بولۇپ، جازا مۇددىتى توشۇپ قويۇپ بېرىلگەنلەر، ئەمگەك بىلەن تەربىيەلەش ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلاردىن تەشكىللەنگەن. شۇ جايدىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، كۆپ خىل ساقچى تۈرىنى ھۇجۇمغا ئاتلاندۇرۇپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ چېن يۈفېي قاتارلىق بەش نەپەر جىنايەت ئەزاسىنى تۇتقان، ئەمما ھىيلىگەر كاتتىبېشى لىيۇ شيۇگسەينىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىگەن.

10 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسى لىيۇ شيۇگسەينىڭ ھەرىكەت يىپ ئۇچىنى ئىگىلىگەن. بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، زوراۋانلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى شياۋ لىبىن ئالتە ساقچىنى باشلاپ ئۇنى قورشاپ ھۇجۇم قىلىشنى قانات يايدۇرغان. ئىزدەپ ۋۇچاڭ ئاپتوموبىل زاۋۇتى ئۇنىۋېرسال ماگىزىنىنىڭ ئەتراپىغا كەلگەندە، شياۋ لىبىن قاتارلىقلار ماگىزىننىڭ ئىشىك ئالدىدا تۇرغان لىيۇ شيۇگسەينى بايقاپ قالغان. شياۋ لىبىن ۋە خەلق ساقچىلىرى تېز سۈرئەتتە يېقىنلىشىپ، تۇتۇشقا تەييارلىق قىلىۋاتقاندا، جىنايەت گۇماندارى سېزىپ قېلىپ، بۇرۇلۇپ ماگىزىنغا كىرىۋېلىپ، كىشىلەر توپىغا سوقۇنۇپ كىرىپ قېچىشقا ئۇرۇنغان. شياۋ لىبىن خەلق ساقچىسى شىي مىڭ بىلەن دەرھال قوراللىنى چىقىرىپ قوغلىغان، خەلق ساقچىسى خەن فېڭ سىرتتا قاراۋۇللۇقتا تۇرۇپ ئۇلارغا ماسلاشقان.

ئىككىيلەن جىنايەت گۇماندارىنى قوغلاپ تەخمىنەن ئىككى مېتىر ئارىلىق قالغاندا، لىيۇ شيۇگسەي تۇيۇقسىز بۇرۇلۇپ، شىي مىڭغا قارىتىپ ئارقا - ئارقىدىن ئىككى پاي ئوق چىقارغان. ئوق تېگىپ يەرگە يىقىلغان شىي مىڭ قاتتىق ئاغرىققا بەرداشلىق بېرىپ تەستە بەدىنىنى تىرەپ، ئوڭدىسىغا ئۆرۈلۈپ قورالنى كۆتۈرۈپ قايتۇرما زەربە بېرىپ، لىيۇ شيۇگسەينىڭ ئېڭىكىگە ئوق تەگكۈزگەن. شياۋ لىبىن ئالدىغا ئوقتەك ئېتىلىپ بېرىپ، كەسكىنلىك بىلەن لىيۇ شيۇگسەيگە قارىتىپ ئوق چىقارغان، ئويلىمىغان يەردىن تۇيۇقسىز قورالنىڭ مىشىكى قىسىلىپ قالغان.

ئەتراپتىكى ئامما ھاياتى بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، شياۋ لىبىن ھايات - ماماتىغا قارىماي قوراللىق قارا نىيەتكە ئېتىلىپ، ئىككى بىلىكىدىن چىڭ تۇتۇۋالغان. ۋەھشىي جىنايەت گۇماندارى بېغىشىنى بۇراپ يەنە ئارقا - ئارقىدىن ئىككى پاي ئوق ئاتقان، شياۋ لىبىننىڭ سول بىلىكى ۋە كۆكرىكىنى بەختكە قارشى ئوق تېشىۋېتىپ، قان بۇلدۇقلاپ ئاققان. ئېغىر يارىلانغان ئەھۋالدا، شياۋ لىبىن پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ لىيۇ شيۇگسەينى يىقىتىپ، مەھكەم قۇچاقلاپ قويۇۋەتمىگەن. بۇ چاغدا، ماگىزىن سىرتىدىكى خەن فېڭ ئوق ئاۋازىنى ئاڭلاپ ماگىزىنغا ئېتىلىپ كىرىپ، خەۋەر تېپىپ يېتىپ كەلگەن باشقا خەلق ساقچىلىرى بىلەن بىللە لىيۇ شيۇگسەينى تىرىك تۇتقان. نەق مەيداندىكى 30 نەچچە ئاممىنىڭ بىرىمۇ تالاپەتكە ئۇچرىمىغان. شياۋ لىبىن، شىي مىڭنىڭ يارىسى ناھايىتى ئېغىر بولغاچقا بەختكە قارشى قۇربان بولغان.

1992 - يىلى 11 - ئايدا، شياۋ لىبىنغا جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى «1 - دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى» دەپ تولۇقلاپ نام بەردى.

«بۈگۈنكى كۈندە مەن چوڭ بولدۇم، لېكىن ئوغلىڭىز سېغىنىشنى سىزگە ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ، مېنىڭ يىراقتا نەزەر سېلىشىمنىڭ سىزنى ئەندىشىگە سېلىپ قويۇشىدىن قورقىمەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، مەن سىزنىڭ قىياپىتىڭىزنى ئۆگىنىپ جەڭگە ئاتلىنىمەن، سىزنىڭ قىياپىتىڭىزنى ئۆگىنىپ لاياقەتلىك بىر ساقچى بولىمەن، سادىقلىقىڭىزنى ئۆگىنىمەن، باتۇرلۇقىڭىزنى ئۆگىنىمەن، شەخسىيەتسىزلىكىڭىزنى ئۆگىنىمەن…» بۇ شياۋ لىبىننىڭ ئوغلى شياۋ شىپېڭنىڭ دادىسى ئۈچۈن يازغان بىر كۇپلېت شېئىرى. شياۋ لىبىن قۇربان بولغان ئاشۇ يىلى، شياۋ شىپېڭ تېخى يېشىغا توشمىغانىدى. ئۆسۈپ يېتىلىش يولىدا، دادىسىنىڭ ئىش ئىزلىرى ئۇنى ئالغا ئىلگىرىلەشكە ھەر ۋاقىت ئىلھاملاندۇردى. ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، شياۋ شىپېڭ ساقچى قوشۇنىغا كىرىشنى قەتئىيلىك بىلەن تاللاپ، دادىسىغا ئوخشاش بىر خەلق ساقچىسى بولۇپ، بۇرچىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، مەسئۇلىيىتىنى سادىقلىق بىلەن ئادا قىلىپ، قەسىمىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشكە ئىرادە باغلىدى.

ۋۇخەن جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسىدا شياۋ لىبىننىڭ ئىش ئىزلىرى كەڭ تارقىلىپ مەدھىيىلەنمەكتە. «شياۋ لىبىن باشتىن - ئاخىر ئەسلىي مەقسىتىنى مەڭگۈ ساقلاپ، ۋەزىپە - مەسئۇلىيەت، بۇرچىنى دادىللىق بىلەن زىممىگە ئالدى، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى تەھدىتكە ئۇچرىغان ھالقىلىق پەيتتە، ئۇ قارانىيەتلەر بىلەن باتۇرلارچە ئېلىشىپ، ئىسسىق قېنى بىلەن ‹ھەممىدە خەلقنى كۆزلەش› ئەسلىي مەقسىتىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتتى، ئۇنىڭ قەھرىمانلىق، باتۇرلۇق ھەرىكىتى مەڭگۈ ياد ئېتىلىدۇ» دېدى ۋۇخەن شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى جىياڭئەن رايونلۇق شۆبە ئىدارىسى جىنايى ئىشلار رازۋېدكا چوڭ ئەترىتىنىڭ سىياسىي جىياۋداۋيۈەنى شۇ كۈي.

(بېشى 1 - بەتتە)

قولغا كەلتۈرۈلگەن جەڭ مېۋىسى ئاساسىدا، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بۇرچ، مەسئۇلىيەتنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مەسىلىلەردىكى كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۆرىشىنىڭ مۇتلەق غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك. مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى ۋاڭ جاۋشىڭ نازارەتچىلىك - يېتەكچىلىك قىلىش بويىچە «قايتا قاراپ چىقىش»قا ئالاقىدار ئەھۋاللارنى قايتما ئىنكاس قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، سىياسىي - قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ جۈنجېڭ يىغىنغا قاتناشتى ھەم ئىپادە بىلدۈرۈپ سۆز قىلدى.

ۋاڭ جاۋشىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: نازارەتچىلىك - يېتەكچىلىك خىزمىتى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۆرىشى توغرىسىدىكى تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەسىلىلەرنى تۈزىتىشكە ياخشى نازارەتچىلىك - يېتەكچىلىك قىلىشنى ئاپتونوم رايوندا يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تەكشۈرۈشنىڭ مۇھىم ئۆلچىمى قىلىپ، نازارەتچىلىك - يېتەكچىلىك قىلىش بويىچە قايتما ئىنكاس پىكرىگە ئاساسەن تۈزىتىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتتى. باش نىشاننى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، تەشكىلىي رەھبەرلىكى قەتئىي، كۈچلۈك بولدى؛ خەلق ئۇرۇشىنى ياخشى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، تەشۋىق قىلىشى، سەپەرۋەر قىلىشى پۇختا، ئۈنۈملۈك بولدى؛ قانۇن بويىچە قاتتىق جازالاشتا چىڭ تۇرۇپ، قاتتىق مۇشت بىلەن زەربە بېرىشى دەل جايىدا، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولدى؛ «مۇھاپىزەت كونۇلۇكىگە زەربە بېرىش، مۇناسىۋەت تورىنى بۇزۇش»تا چىڭ تۇرۇپ، سىياسىي ئېكولوگىيەنى ئۈنۈملۈك ساپلاشتۇردى؛ ھادىسىنىمۇ، ماھىيەتنىمۇ تۈزەشتە چىڭ تۇرۇپ، جەمئىيەت ئېكولوگىيەسىنى سىجىل ئەلالاشتۇرۇپ، قارا كۈچلەرگە چېتىشلىق، رەزىل كۈچلەرگە چېتىشلىق قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان بىر تۈركۈم جىنايەتچىلەر ۋە «مۇھاپىزەت كونۇلۇك»لىرىنى قانۇن بويىچە جازالىدى، جەمئىيەت ئامانلىقى مۇھىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، پارتىيە ئىستىلى، ھۆكۈمەت ئىستىلى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، ئاساسىي قاتلامنىڭ ئۇلى كۆرۈنەرلىك مۇستەھكەملەندى، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىيات مۇھىتى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى، ئاممىنىڭ بىخەتەرلىك تۇيغۇسى، رازى بولۇش دەرىجىسى كۆرۈنەرلىك ئۆستى.

«قايتا قاراپ چىقىش»تا بايقالغان ئاجىز ھالقىلار كۆرسىتىپ بېرىلگەندىن كېيىن، ۋاڭ جاۋشىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۆرىشىنى ئالغا سىلجىتىشتىكى مۇھىم، زور سىياسىي مەسئۇلىيىتىنى يەنىمۇ چىڭىتىپ، «دېلو پاش قىلىش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش» ئارقىلىق يول ئېچىپ، «مۇھاپىزەت كونۇلۇكىگە زەربە بېرىش، مۇناسىۋەت تورىنى بۇزۇش» ئارقىلىق يىلتىزىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، «مالىيە مەنبەسى ۋە يېڭى قان تولۇقلاشنى ئۈزۈپ تاشلاش» ئارقىلىق تەلتۆكۈس يوقىتىشى؛ دىققەتنى چوڭقۇر قېزىپ تۈزەشنىڭ مۇھىم نۇقتىسىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۆرىشىدە يېڭى بۆسۈش ھاسىل قىلىشنى يەنىمۇ ئالغا سىلجىتىپ، قارا كۈچلەرگە چېتىشلىق، رەزىل كۈچلەرگە چېتىشلىق ئېغىر، زور دېلولارنى قويىۋەتمەي چىڭ كۆزلەپ، قارا، رەزىل كۈچلەرنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسىنى قويىۋەتمەي چىڭ كۆزلەپ، قارا، رەزىل كۈچلەرنىڭ ئارقىسىدىكى «مۇناسىۋەت تورى» ۋە «مۇھاپىزەت كونۇلۇكى»نى قويىۋەتمەي چىڭ كۆزلىشى؛ دىققەتنى تۈزۈلمە - مېخانىزمنى تاكامۇللاشتۇرۇشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، مەخسۇس كۆرەش داۋامىدا پىشىپ يېتىلگەن تەجرىبە ۋە ئۇسۇللارنى ئومۇميۈزلۈك رەتلەپ، تاۋلاپ، تۈزۈم - قېلىپقا ئايلاندۇرۇپ، پارتكوم رەھبەرلىك قىلىدىغان، ھۆكۈمەت مەسئۇل بولىدىغان، دېموكراتىك كېڭىشىدىغان، جەمئىيەت ماسلىشىدىغان، ئاممىۋى قاتنىشىدىغان، قانۇنچىللىق كاپالەتلىك بولغان، پەن - تېخنىكا تىرەك قىلىنغان جەمئىيەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۈچلۈك كاپالەتكە ئىگە قىلىشى كېرەك.

ۋاڭ جۈنجېڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: نازارەتچىلىك - يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى «قايتا قاراپ چىقىش» ئەھۋالىنى قايتما ئىنكاس قىلىپ، ھەم شىنجاڭنىڭ مەخسۇس كۆرەش ۋە مەسىلىلەرنى تۈزىتىشتە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى، ھەم شىنجاڭنىڭ نازارەتچىلىك - يېتەكچىلىك قىلىش بويىچە تۈزىتىشى جەريانىدا ساقلانغان مەسىلىلەر ۋە كەمتۈكلۈكلەرنى كۆرسىتىپ بېرىپ، كېيىنكى قەدەمدىكى خىزمەتلەرگە قارىتا ئېنىق تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئاپتونوم رايون قايتما ئىنكاس قىلىنغان پىكىرلەرنى تىزىملىك بويىچە تولۇق قوبۇل قىلىپ، چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، نازارەتچىلىك - يېتەكچىلىك قىلىش بويىچە «قايتا قاراپ چىقىش»نى يېڭى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ، تۈزىتىش - ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى تۇتىدۇ. ھەر دەرىجىلىك ھەرقايسى تارماقلار يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا نازارەتچىلىك - يېتەكچىلىك قىلىش بويىچە تۈزىتىش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇشنى «تۆت ئاڭ»نى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ سىياسىي سىنىقى قىلىپ، قايتما ئىنكاس قىلىنغان مەسىلىلەرنى ئومۇميۈزلۈك، چوڭقۇر تۈزىتىپ، نازارەتچىلىك - يېتەكچىلىك قىلىش بويىچە تۈزىتىش نەتىجىلىرىنى مەخسۇس كۆرەشنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ تېخىمۇ زور نەتىجىسىگە ئايلاندۇرۇشى كېرەك. كۆرەش قىلىش روھىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، نازارەتچىلىك - يېتەكچىلىك قىلىش بويىچە تۈزىتىشنى يېڭى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىپ، قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۆرىشىنىڭ يېڭى ھۇجۇم ۋەزىيىتىنى قوزغىشى كېرەك؛ نەتىجە - ئۈنۈمنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەپ، جەڭ مېۋىسىنى كېڭەيتىپ، مەخسۇس كۆرەشتىكى «ئۇزاق ئۈنۈملۈك، دائىملىق تۈزەش»كە تۈرتكە بولۇپ، جەمئىيەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىپ، تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك قانۇنچىل شىنجاڭ ۋە تىنچ - ئامان شىنجاڭنى تىرىشىپ قۇرۇشى كېرەك.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)